## دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ رەئىس بۇيرۇقى ئىمزالاپ

# يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان زاتلارغا دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بەردى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە زور بىر تۈركۈم تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى. بۇ كۈرەشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ سادىق، مەسئۇلىيەتچان، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى قانۇنىغا ئاساسەن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنىدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان زاتلارغا دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان زاتلارغا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرىپىنى بېرىش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ تۆھپىسى ۋە شانلىق ئوبرازىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھۆرمەتلىشى - قەدىرلىشى ۋە مىللەتنىڭ ئەستە ساقلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە پايدىلىق؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا پايدىلىق؛ جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان، قانچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانسېرى شۇنچە قەيسەر بولىدىغان مىللەت پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشكە پايدىلىق.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ئىزچىل ھالدا ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ۋە «تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش» جەمئىيەت كەيپىياتىنى تەشەببۇس قىلدى، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى تۈزىتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. 2013 - يىلى 1 - ئايدا، شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شى جىنپىڭ يەنە كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قاتتىق تۈزۈم چەكلىمىسى، قاتتىق تۈزۈم ئىجراسى، كۈچلۈك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، قاتتىق جازالاش مېخانىزمى ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت پۇلىغا ئىستېمال قىلىش داۋامىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك ھادىسىلەرنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم بىرقىسىم مەكتەپلەردە ساقلانغان يېمەكلىك ئىسراپچىلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېجەشلىك ئېڭى كەمچىل بولۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا، ھەقىقىي تۈردە يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئىقتىسادچان - تېجەشلىك بولۇشتەك ياخشى گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار ھۆججەت چىقىرىش، «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسراپچىلىق شاملىنى زور كۈچ بىلەن تۈزىدى، «يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى» ھادىسىسىدە سەل ياخشىلىنىش بولدى، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىشتىكى ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى جايلاردا يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھادىسىلىرى يەنىلا ساقلانماقتا، ئالاقىدار تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، يولغا قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولماقتا.

# جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا سۈرئەتنى تېزلەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىز 24 سائەت تاموژنىدىن ئۆتۈش مەشغۇلاتى قىلىشتا چىڭ تۇردۇق ھەم جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى مەخسۇس كۆزنىكى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىنى ئىخچاملاپ، تېز سۈرئەتتە بېجىردۇق.» قورغاس تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش 3 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لىۋ تېڭ مۇنداق دېدى: تاموژنىنىڭ يېڭى مال تىزىملىكى سىستېمىسى تۆمۈريولنىڭ رەقەملىك پورت سىستېمىسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ماگدۇرۇشنى ئادەم تەكشۈرۈپ دەلىللەشنى سىستېما تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى 60%تىن كۆپرەك ئۆستۈردۇق. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ۋوگزالدا توختاش ۋاقتىنى ئەسلىدىكى ئوتتۇرىچە 12 سائەتتىن ئالتە - سەككىز سائەتكە قىسقارتتۇق.

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت زالىدىكى «جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تاموژنىدىن ئۆتۈش» مەخسۇس كۆزنىكىدە 24 سائەتلىك ئالدىن كېلىشىپ تاموژنىدىن ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تاموژنىدىن تېز ئۆتۈشنىڭ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەققى تۆۋەنلىتىلدى، يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش كەسپى دائىملاشتۇرۇلۇپ، سودا يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى.

«جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 5 - ئايدىن باشلاپ تېز ئەسلىگە كېلىپ، 6 - ئايدا 106 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى سەۋىيە ئەسلىگە كەلدى.» ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى(گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جوۋ كەي مۇنداق دېدى: «ئالدىنقى يېرىم يىلدا، يىغىلىش مەركىزىدىن جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 410 قېتىم يولغا چىقىپ، 8.2% ھالقىسمان ئېشىپ، يۈرۈشۈشى ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلىدى».

7 - ئايغىچە، يىغىلىش مەركىزى ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال مىقدارى 10 مىليون 9000 توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.2% ئېشىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال مىقدارىنى 10 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش نىشانى بۇلتۇرقىغا قارىغاندا مۇددەتتىن 44 كۈن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

### ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش

چېڭدۇدىن تىلبۇرگقىچە، ۋۇخەندىن دۇيسبۇرگقىچە، جېڭجوۋدىن ھامبۇرگقىچە؛ لودزىدىن چېڭدۇغىچە، ھامبۇرگتىن جېڭجوۋغىچە، دۇيسبۇرگتىن جېڭجوۋغىچە.... ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۇپىسىدىكى چوڭ ئېكراندا، ھەرقايسى بېرىش - قايتىش سەپىرىدىكى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ ئەمەلىي ۋاقىتتىكى يۈرۈش ئەھۋالى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پويىز نومۇرى، ئامبار نومۇرى، مال رەت نومۇرى، بوش ۋاگون قاتارلىق ئۇچۇرلارنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.

رەقەملىك تېخنىكىنى مەشغۇلات قىلىۋاتقان نۆۋەتچى پويىز بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۇپىسى ئەشيا ئوبوروتى يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۆمۈريول، پورت، تاموژنا قاتارلىق نۇرغۇن ئۇچۇر يېگانە ئارىلىنى تۇتاشتۇرۇپ، مەنبەدىن ئاخىرقى نۇقتىغىچە بولغان پۈتۈن جەريانلىق ئۇچۇر زەنجىرىنى بەرپا قىلدى.

رەقەملەشكەن گېن قوشۇلغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئامبار زاكاز قىلىش، مال قاچىلاش ۋە مالنى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى. يۈك ترانسپورت خېرىدارلىرى سۇپىدىن مەشغۇلات قىلىدىغان پويىزغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، پويىزغا مال قاچىلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن، يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇشقا ئائىت «بوش ئورۇن تولدۇرۇش سوئالى»نى توردا تاماملىيالايدىغان بولدى.

«ئىلگىرىكى ئېلېكترونلۇق خەلقئارا بىرلەشمە توشۇش تالونلىرى قولدا يېزىلاتتى، بىر دۆلەتكە بارغاندا شۇ جاينىڭ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىناتتى، بۇنىڭدا ھەم ۋاقىت دەخلىگە ئۇچرايتتى، ھەم ئاسانلا خاتالىق كۆرۈلەتتى، يەنە پۇل مۇئامىلە خاراكتېرىنى ھازىرلىمىغانىدى.» جوۋ كەي مۇنداق دېدى: «قۇرۇقلۇق پورتى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان - ۋوگزال سۇپىسىدا، ئامبار تالونى چېگرا سىرتىدا ئالماشتۇرۇلغاندا سىستېما ئارقا سۇپىسىدا ئاپتوماتىك كۆپ خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ، تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمى ئۆسۈش بىلەن بىللە، يەنە تۇنجى قېتىم قۇرۇقلۇق ترانسپورتى تۆمۈر يول ئامبار تالونى پۇل مۇئامىلە خاراكتېرىنى ھازىرلىدى، ئۇنى رەنىگە قويۇش ئىسپاتى قىلىپ، بانكىدىن قەرز ئالغاندا ئىشلىتىشكە بولىدۇ».

جوۋ كەي مۇنداق بىلدۈردى: سۇپا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەندىن كېيىن، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى مەيدان - ۋوگزاللاردا كېڭەيتىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ۋوگزالغا كەلگەن ھامان خالىغان ۋاقىتتا مال قاچىلاپ، مال چۈشۈرىدىغان، يولۇچى توشۇش ئەندىزىسىدە مال توشۇيدىغان توشۇش ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ.

### ئىقتىدارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىيات بىرىكمە كۈچىنى ئاشۇرۇش

يىغىلىش مەركىزى بىلەن بىر يول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقتىكى كەڭ يەردە، تۆمۈريول پورتى سودا ئىشلىرى سودا رايونى، خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئالغا سىلجىتىلماقتا.

«خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى ‹مال توپلاش، باغچە رايونى قۇرۇش، كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇش› ئومۇمىي تەرەققىيات پىكىر يولى بويىچە، تۈرلۈك يىرىك پىلانلارنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك ئىقتىدار سۇپىلىرىنى بەرپا قىلدى.» ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى تەرەققىيات مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ خېخۇا مۇنداق دېدى: ئالدىنقى يېرىم يىلدا، تۆمۈر يول پورتى سودا ئىشلىرى سودا رايونى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىش باشلىنىپ، 1 مىليارد 286 مىليون يۈەن سېلىنما ئورۇنلاندى.

ئەگەر يىغىلىش مەركىزىنى سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «ھەل قىلغۇچ قەدەم» دېسەك، ئۇنىڭداقتا كەسپلەر يۈرۈشلەشكەن باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى «ياردەمگە موھتاجلارغا ياردەم بېرىش، يەنە بىر مەزگىلگىچە غەمخورلۇق قىلىش»تىكى ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم دېيىشكە بولىدۇ. «جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلۇشى لايىھەسى(2020 - يىلدىن 2024 - يىلغىچە)»گە ئاساسەن، شىنجاڭ بەش يىلدا، زامانىۋىلاشقان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىپ، تېخنىكىسى ئىلغار، ئىدىيەسى ئىلغار، باشقۇرۇشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۈرۈشۈشى ماسلاشقان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى خەلقئارا يۈك ترانسپورت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى بەرپا قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى.

بۇ يىل تەستىقلانغان جۇڭگو (ئۈرۈمچى) چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونىغا تايىنىپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئىمپورت سىياسىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، تور ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەم شىنجاڭدا توردا مال سېتىۋېلىش بويىچە تۇنجى باجدىن خالىي ئىمپورت قىلىش سىنىقى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىسى (9610)دا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار 1 مىليون 700 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، بۇلتۇرقى پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مىقدارنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپرەك ئاشتى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ قۇرۇقلۇق پورتى رايونى تاشقى سودا كەسپى پۈتۈن گەۋدىسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى سىجىل ئاشتى. نۆۋەتتە، يۈزگە يېقىن داڭلىق سودا ئەشيا ئوبوروتى كارخانىسى قۇرۇقلۇق پورتى رايونىغا ماكانلىشىپ، 10 مىليارد يۈەنلىكتىن ئاشىدىغان سىرتقا يۈزلەنگەن كەسپلەرنىڭ ماكانلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

قاتناش تۈگۈن نۇقتىسىدىن تەرەققىيات تىرەك نۇقتىسىغىچە، ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنىدىن ئىقتىساد - سودا سۇپىسىغىچە، يىغىلىش مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى لىۋ شاۋخۇا مۇنداق بىلدۈردى: تېخىمۇ كۆپ زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى، خەلقئارا سودا، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلازىمەت، ئىلغار ياسىمىچىلىق كارخانىلىرىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىش بىلەن بىللە، قۇرۇقلۇق پورتى رايونى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 15 سانائەت باغچە رايونى بىلەن پائال بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىيات بىرىكمە كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىندىن بۇيان، سانجى شەھىرىدە كۆكتاتنىڭ كۈندىلىك توپ سېتىلىش سودا مىقدارى 1000 توننا ئەتراپىدا بولغان.

«بىز پۈتۈن ناھىيەدىن يەتتە توپ سېتىش سودىگىرىنى تاللاپ، ناھىيە بازىرىدىكى 30غا يېقىن دۇكان - تاللا بازار، مەھەللە قولايلىق دۇكىنىنى ئاشلىق، ياغ، كۆكتات، گۆش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدۇق ھەم جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش شىركىتى ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزگۈچىلەرگە تايىنىپ كۈندىلىك بۇيۇملار، تۈرلۈك ماللار، كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى بىر شەھەردە ئۇچراشماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كەسپىنى قانات يايدۇردۇق.» باغراش ناھىيەلىك سودا ۋە سانائەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۇ تاۋ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا ئوڭۇشلۇق سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باغراش ناھىيەسى يېشىل يول ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۇچا شەھىرى دۆڭقوتان بازىرى ياقاشۇتۇت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ بەيجۈننىڭ بەش مو يېرىدىكى توقاچ شاپتۇللىرى پىشتى. كەنت كادىرلىرى، پارتىيەلىك پىدائىيلار ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ بېغىغا كېلىپ مېۋە ئۈزۈشكە ياردەملەشتى. «بىز تەۋەلىكتىكى كارخانىلار، ھەرقايسى كەنتلەر بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، بىرتۇتاش ئۈزۈش، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقاردۇق» دېدى دۆڭقوتان بازىرىنىڭ مۇئاۋىن بازار باشلىقى تۇرسۇن ناسىر.

### ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىن پايدىلىنىلدى سېتىش يوللىرى كېڭەيتىلدى

«ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ قوللىشى بولغاچقا، مەن بەنلى كاۋىلىرىمنىڭ يېرىمىنى سېتىپ بولدۇم» دېدى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توقسۇ ناھىيەسى تاشئېرىق بازىرى قوشلۇق ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى شىنمىن. توقسۇ ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى چاڭ جۈنفېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ بىر نەچچە كۈندە، ناھىيەدىكى ئېلېكترونلۇق سودا تىجارەتچىلىرىنىڭ كۈندىلىك سېتىش زاكازى 800دىن 1000غىچە، سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولغان، كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىكەن.

8 - ئاينىڭ بېشىدا، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ئۈزۈمبۇلاق يېزىسى دۆڭشېڭ كەنتىدىكى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لى جېن ئائىلىسىنىڭ بۆلجۈرگەنلىرى كەينى - كەينىدىن پىشتى، ئۇ ھەر كۈنى دوۋيىندا بىۋاستە كۆرسىتىش شەكلى ئارقىلىق توردا ساتتى. بۇ يىل، كەنت تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنى «توردا + تور سىرتىدا» سېتىشقا پائال يېتەكلەپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازار ئىزدەپ، سېتىش يوللىرىنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى. نۆۋەتتە، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، 12 پارنىكتىكى 1200 كىلوگرامدىن ئارتۇق بۆلجۈرگەن سېتىلىپ بولدى.

قەشقەر جياڭنەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى چەكلىك شىركىتى، قەشقەر جياڭگوگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار ۋە ئېلېكترونلۇق سودا تىجارەتچىلىرىنىڭ يۈرۈشتۈرۈشىنىڭ ياردىمىدە، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال بازىرى ئايدىڭكۆل كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى قۇربان قادىر ئائىلىسىنىڭ مېۋە - چېۋىلىرى پات ئارىدا ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىدۇ. ئۆرۈك پىششىقىدىلا، قەشقەر جياڭگوگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى شۇنفېڭ تېز يەتكۈزۈش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ 277 توننا ئەلا سۈپەتلىك ئۆرۈكىنى گۇاڭجوۋ، شېنجېن قاتارلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە سېتىپ بەردى.

### ھەرقايسى تەرەپلەر پائال ياردەم بەردى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېڭىتام بازىرى ئاقتام كەنتىدىكى شاپتۇللۇقتا، پىدائىيلارنىڭ بەزىلىرى شاپتۇل ئۈزۈۋاتاتتى، بەزىلىرى يەشىككە قاچىلاپ جىڭلاپ، تاڭغاندىن كېيىن توكسكلىت بىلەن كەنتتىكى توقاچ شاپتۇل زاكاز قىلغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يەتكۈزۈپ بەردى. يېڭىتام بازىرى يەنە كادىرلار دوستلار چەمبىرىكىدە تەشۋىق قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، باغۋەنلەرنىڭ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بەردى.

ھازىر دەل ئالتاينىڭ يەرلىك پەسىل كۆكتاتلىرى، مېۋە - چېۋىلىرى بازارغا سېلىنىدىغان ئاۋات پەسىل، مەھەللە كادىرلىرى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى، پىدائىيلار كۆپ تەرەپتىن سېتىش يوللىرىنى ئالاقىلەشتى.

«ھەر كۈنى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، كۆكتاتلارنىڭ تۈرى، سانى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى رەتلەپ جەملەپ، ئاندىن سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىمىز.» ئالتاي شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىدىن قىزىلتاش بازىرى كۆكسار كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ئەلى يۈسۈپ مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە، كۈنىگە تەخمىنەن ئالتە توننا يېڭى كۆكتات كۆكسار كەنتىدىن ئالتاي شەھەر رايونىغا توشۇلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىرىنزا يېزىسى نۇڭفېڭ يۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ تېرىقچىلىق بازىسىدا ئىشچىلار كۆكتات ئۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شىرىنزا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىچى بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، بىرتۇتاش ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ ئۈرۈمچى، خاڭجوۋ، فۇجيەن قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ ساتتى.

**(مۇخبىر جاڭ تىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈجۈن، خەن چىنيەن، بايىنغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جوۋ خەيشيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار يۈ ۋېنلىڭ، فەن كەي، دۇڭ شىجۈ)**